# قىز-خانىملارنىڭ يۈزى ئەۋرەت ھېسابلانسا، نېمە ئۈچۈن ئېھرامغا كىرگەندە ئېچىۋېتىدۇ؟

[ئۇيغۇرچە]

# إذا كان وجه المرأة عورة، فلماذا أمرت بكشفه في الإحرام؟

[باللغة الأويغورية]


المفتي: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد
المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 – 2008

islamhouse.com

# قىز-خانىملارنىڭ يۈزى ئەۋرەت ھېسابلانسا، نېمە ئۈچۈن ئېھرامغا كىرگەندە ئېچىۋېتىدۇ؟

120377- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ھەج-ئۆمرىدە ئېھرامغا كىرگەن ئايال يۈزىنى ئېچىۋېتىشكە بۇيرۇلىدۇ، بۇ ئايال يۈزىنىڭ ئەۋرەت ئەمەسلىكىنى ئىپادىلىمەمدۇ؟.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللارنى ئېھرامدا يۈزىنى يېپىشتىن چەكلىگەنلىكى ئايال كىشىنىڭ يۈزىنىڭ ئەۋرەت ئەمەسلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى ئېھرامدا يۈزىنى ئېچىۋېتىشكە بۇيرۇمىغان، پەقەت يۈزىگە نىقاپ كىيىشتىن چەكلىگەن، بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى: ئاياللار ئېھرامدا نىقاپ كەيمەستىن شارپا ياكى ياغلىقتەك نەرسىلەر بىلەن يۈزىنى ياپىدۇ، شۇنىڭدەك ئەرلەرنىڭ ئېھرامدا كۆينەك كىيىشى چەكلەنگەن، لېكىن كۆڭلەكتىن باشقا نەرسىلەر بىلەن بەدىنىنى يۆگەيدۇ، بۇنىڭدىن يالىڭاچ يۈرسۇن دېگەنلىك چىقمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ئاياللارمۇ ئېھراملىق ھالىتىدە نىقاپ كەيمەستىن ئەرلەر بار ئورۇنلاردا يۈزىنى يۆگەيتتى.

ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇئەنھا مۇنداق دەيدۇ:«بىز ئېھرامدىكى ۋاقتىمىزدا ئەرلەردىن يۈزىمىزنى يۆگەيتتۇق»، بۇ ھەدىسنى ھاكىم رىۋايەت قىلىپ سەھىھ دېگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا مۇنداق دەيدۇ:« بىز ھەجدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېتىۋاتقاندا ئەرلەر ئۇدۇلىمىزغا كەلگەندە شارپىلىرىمىز بىلەن يۈزىمىزنى يېپىۋالاتتۇق، ئۆتۈپ كەتكەندە ئېچىۋېتەتتۇق». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن بەزەن ئالىملار: ئايال كىشىنىڭ يۈزىمۇ ئەرلەرنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش ئەۋرەت بولۇپ نىقاپ بىلەن ياپماستىن باشقا نەرسە بىلەن يۆگەيدۇ دېگەن.

ئىبنى قەيىيىم"بەدائىل ئەلپەۋائىد"(664\3) دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: "ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھراملىق ئاياللارنىڭ ئېھرامدا ياكى ئېھرام سىرتىدا يۈزنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويمىغان، پەقەت ئېھرامدا يۈزگە نىقاپ(يەنى كۆزنى ئېچىپ يۈزنى يېپىش) كىيىش ۋە قولىغا پەلەي كىيىشتىن چەكلىگەن، ئەرلەرنى كۆينەك-ئىشتان كىيىشتىن چەكلىگەن، بۇ چەكلىمىلەردىن بەدەننى ئوچۇق قويسۇن دېگەنلىك ئەمەس بەلكى ئېھراملىق قىز-خانىملار كۆينەك، شارپىلىرى بىلەن، ئەر كىشى ئېھرام كىيىملىرى بىلەن بەدىنىنى ياپىدۇ، چەكلىمە ئاياللارنىڭ نىقاپ، پەلەي، ئەرلەرنىڭ كۆينەك-ئىشتان كىيىشىدۇر. بۇيەردە ئاياللار ئېھرامدا يۈزنى ئېچىۋېتىدۇ دېگەننى ئىپادىلەيدىغانغا قۇرئان ھەدىستىن، قىياستىن ياكى مەسلىھەت تەرەپتىن ھېچقانداق ئاساس يوق، بەلكى ئايالنىڭ يۈزى ئەرنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش بولۇپ نىقاپ ۋە پەلەي

شەكلىدىكى نەرسىلەر بىلەن يۆگىمەستىن يۈزىنى ياغلىق- شارپا بىلەن، قولىنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن يۆگەيدۇ".

ئايالنىڭ يۈزى ئېھرامدا ئەرلەرنىڭ بېشىغا ئوخشاش ئوچۇق قويۇشقا بۇيرۇلغان دېگەن كىشىنىڭ ھېچقانداق دەلىل ئىسپاتى يوق.

سەلەپلەرنىڭ: ئاياللارنىڭ ئېھرامى يۈزىدە دېگەن سۆزىدىن مەقسەت: ئايال ئېھرامدا ئەركىشى كىيىم كىيىشتىن چەكلەنگەندەك چەكلەنمىگەن بەلكى نىقاپ كىيىشتىن چەكلەنگەن، بۇنىڭدىن يۈزنى ئېچىۋېتىش كېرەكلىكى ئىسپاتلانمايدۇ.

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭمۇ ئېھراملىق ھالەتتە يۈزىنى ياپقانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ، يۇقۇرىدىكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاياللارنىڭ ئېھرامدا يۈزىنى يېپىشتىن چەكلەنگەنلىكى بايان قىلىنمىغان بەلكى نىقاپ كىيىشتىن چەكلەنگەنلىكى بايان قىلىنغان، نىقاپ ئاياللارنىڭ يۈزىنىڭ كىيىمى بولغاچقا ئەرلەر بەدىنىگە كىيىم كىيىشتىن چەكلەنگەندەك ئاياللارمۇ يۈزىگە كىيىم كىيىشتىن چەكلەنگەن.

بۇنىڭدىن ئايال كىشى ئېھرامدا يۈزىنى ئېچىۋېتىشكە بۇيرۇلغان دېگەن سۆزنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.